## 34151 ـ ئايالىم ئىبادەتلەرگە سۇس قارىسا قانداق قىلىمەن؟

### سۇئال

سوئال : مەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر يىگىت، توي قىلىشتىن ئىلگىرى دىنى ئىبادەتلەرنى تولۇق قىلىپ كېتەلمەيتتىم، هازىر ئاللاھنىڭ پەزلى ئىهسانى بىلەن ئالىي مەكتەپنىڭ ئىسلام دىنى دەرسلىرى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن بىر قىز بىلەن توي قىلدىم، مەن بۇ قىزنى مىنىڭ دىنى ئىبادەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىشىمغا ياردەمچى بولىدۇ دەپ بەك خۇرسەن بولغانىتىم، لېكىن تۇرمۇش قۇرغاندىن كيىن ئۇ قىزنىڭ دىنى قىزغىنلىقىنىڭ تۆۋەن، ئادەتتىكى قىزلاردەك ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم، ئۇ قىزنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىدىن: چوڭ ـ كىچىك هىچ قانداق مۇنكەر ئىشلانى چەكلىمەيدۇ، بەلكى ئىشلارنى ئۆزى قىلىدۇ، هەر تۈرلۈك تېلېۋىزيە فىلىملىرىنى كۆرىدۇ، غەيۋەت قىلىدۇ، ئىبادەتلەرنى تولۇق قىلمايدۇ، ئالاھىدىلىكلىرى: كۆڭلى ياخشى، سەۋرچان، ئەر ـ ئاياللىق ۋە ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئورۇنلايدۇ، مېنى بىئارام قىلىدىغىنى، مەن دىنى جەھەتتىن ماڭا ياردەم بېرىدىغان لايىق ئىزدىسەم ئەكسىچە دىنى بىلىم ئوقۇپ تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېهتىياجلىق بولغان لايىققا ئۇچرىغىنىم، بۇ مىنىڭ قىيىنچىلىقىم، ماڭا ياردەم بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

جاۋاب :
بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاهغا خاستۇر.
سىزنىڭ بۇ قىيىنچىلىقىڭىز هازىر نۇرغۇن ياشلارنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇلار ئاياللارنى ئوقۇغان، ئىبادەتتە تىرىشىدۇ، ئېرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە ھەر ۋاقىت ياردەمدە بولىدۇ دەپ
ئويلايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئاياللار ھەممىدىن ئېرىگە بەك ئەگىشىدۇ، ئېرى بۇ ئىشلاردا ئۆلگە بولمىسا تولا ۋاقىتلار ئاياللار سۇسلىشىپ بوشاپ كېتىدۇ . ئېرىنى ياخشى يوللارغا يېتەكلەيدىغان يول باشچى ئاياللارمۇ بار. سىزنىڭ ئاياللىڭىزنىڭ ئادەتتىكى بىر ئايالدەك بولغىنى سىزنىڭ تۇرمۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ پۇشايمان قىلىشىڭىزنى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئايالنى يېتەكلەپ دەۋەت قىلىپ قوش ئەجرىگە ئېرىشىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ . سىز بايان قىلغاندەك ئۇ ئايالنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئاللاھ خالىسا سىزگە ياردەمچى بولىدۇ . سىز دائىم ئاياللىڭىزنى ياخشىلىققا چاقىرىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ئازابىنى ئەسلىتىڭ ۋە چىرايلىق ئۇسلۇب بىلەن نەسىھەت قىلىڭ . ئاياللىڭىزنىڭ بوش ۋاقتىنى پايدىلىق كىتاب، ژۇرنال ۋە لېنتىلارنى ئاڭلاشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىڭ. ئاياللىڭىز تېلېۋىزيە فىلىملىرىنى كۆرسە ۋە غەيۋەت ـ شىكايەت قىلسا ئۆمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆنى ئىنكار قىلماستىن بەلكى مۇلايىملىق، مېھرى مۇھەببەت بىلەن ئۆزگەرتىشكە تىرىشىڭ. ئاياللىڭىزنى قۇرئان دەرسى ئالىدىغان ئورۇنلارغا، دىنى تەشۋىقات سورۇنلىرىغا بېرىش شارائىتلىرىنى هازىرلاپ بېرىشكە تىرىشىڭ . ئاياللىڭىز ياخشى قىز ـ خانىملار بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆزگىرىش هاسىل قىلسا بۇ سىزنىڭ ئاياللىڭىزغا تەقۋالىقتا ياردەم بەرگەنلىكىڭىز بولىدۇ.
ئايالىم ئىبادەتلەرنى ئاز قىلىدۇ دېدىڭىز، بۇ سىزمۇ ئىبادەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكىڭىز ياكى ئىبادەتنى ئاياللىڭىز بىلەن بىرلىكتە

قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىڭىزدىندۇر . ئايالىڭىزغا ياردەم بېرىشكە تىرىشىڭ، نەپلە ئىبادەتلەرنىڭ پەزىلەتلىرىنى چۈشەندۈرۈڭ، ئىمكانىيەت بولسا بۇ ئىبادەتلەرنى بىرلىكتە قىلىڭ.

ئائىلىڭىزگە ياخشى يېتەكچى بولۇپ ئۇلارنى ھارامدىن ساقلاپ، شەك ـ شۈبھە ۋە تەقۋادارلىقتا توسالغۇ بولىدىغان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇڭ . ئاللاھتىن : ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئايالىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى(يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى)تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشىۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن دەپ تىلەڭ، ئاللاھ تائالادىن سىزنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىشىنى سورايمىز.